# 13619 - روزىدارنىڭ چىش پاستىسى ئىشلىتىشى توغرىسىدا

## سوئال

رامزاندا روزا تۇتۇپ كۈندۈزى چىش پاستىسى بىلەن چىشنى تازىلىسا توغرا بولامدۇ؟ مەن چىش پاستىسى كانايدىن ئۆتۈپ كەتمىسە ئىشلەتسە دۇرۇس بولىدۇ دەپ ئاڭلىغان، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

شەيخ ئىبنى باز رەھمەھۇللاھدىن رامزاننىڭ كۈندۈزىدە چىش پاستىسى ئىشلىتىش توغرىسىدا سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ: "روزا تۇتقان كىشى ئۈچۈن مىسۋاك ئىشلىتىش دۇرۇس بولغاندەك، چىش پاستىسىنى يۇتۇپ سالماسلىق شەرتى ئاستىدا ئىشلەتسە دۇرۇس بولىدۇ، دېگەن". [شەيخ ئىبنى باز پەتىۋالىرى4-توم 247-بەت].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بۇ مەسىلىدىن: روزا تۇتقۇچى رامزاننىڭ كۈندۈزىدە چىش چوتكىسى بىلەن چىش پاستىسى ئىشلەتسە بولامدۇ؟ دېگەن سوئال پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ جاۋابى: ئىشلەتسە بولىدۇ، لېكىن چىش پاستىسىنىڭ كانايغا كېتىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولغانلىقى ئۈچۈن كۈندۈزدە ئىشلەتكەندىن كۆرە كېچىدە ئىشلەتكەن ياخشى بولىدۇ".[ئىبنى ئۇسەيمىيننىڭ "شەرھى مۇمتىئ" ناملىق ئەسرى 6-توم407-408-بەتلەر] .

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.